# مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

يۈزيۈز يىلدا كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ھەرقايسى دۆلەتلەرگە زەربە بەرگەن بولۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ئۆرتىكە بولۇش كېرەك. ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، خەۋپ - خەتەرنى ئالدىن كۆرۈش، ئالدىن ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر، خىرىستىن قاتتىق مۇداپىئەلىنىش كېرەك. كۆپ تەرەپچىللىك بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش ئىسلاھاتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە پائال قاتنىشىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۆرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: كېلەر يىلى دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدىكى ئالاھىدە مۇھىم بىر يىل. كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رېتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۆرتكە بولۇشنى باش تېما قىلىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلملىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، سىستېما قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، تەرەققىيات بىلەن خەۋپسىزلىكنى تېخىمۇ ياخشى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ماكرولۇق سىياسەتنى ئىلمىي، دەل جايىدا يولغا قويۇپ، تىرىشىپ ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق ئارىلىقتا ئايلىنىشىنى ساقلاپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، پەن - تېخنىكا ئىستراتېگىيە تىرەكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، «14 - بەش يىل»نى ياخشى باشلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: كېلەر يىلى ماكرولۇق سىياسەتنىڭ ئىزچىللىقى، مۇقىملىقى، ئىمكانىيەتلىك سىجىللىقىنى ساقلاش كېرەك. ئاكتىپ مالىيە سىياسىتى ۋە پۇختا، ساغلام پۇل سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى زۆرۈر قوللاش سالمىقىنى ساقلاپ، سىياسەت مەشغۇلاتىدا تېخىمۇ دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك بولۇپ، جىددىي بۇرۇلۇش قىلماي، سىياسەتنىڭ ۋاقىت، ئۆلچەم، ئۈنۈمنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك. قىممەتلىك ۋاقىت كۆزنەكتىن ياخشى پايدىلىنىپ، زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئارقىلىق «14 - بەش يىل»نى ياخشى باشلاش كېرەك. ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىپ، مۇۋاپىق چىقىم سىجىللىقىنى ساقلاپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىسىنىڭ مالىيە كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى تېزلىتىش، كىرىم تەقسىماتىنى تەڭشەشتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ يوشۇرۇن قەرز خەۋپ - خەتىرىنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ئەمەلىي تۇتۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئىقتىسادچىل تۇرمۇش كەچۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. پۇختا، ساغلام پۇل سىياسىتى جانلىق، دەل جايىدا، مۇۋاپىق، لايىق بولۇش، پۇل بىلەن تەمىنلەش مىقدارى ۋە جەمئىيەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ ئوخشاش نامدىكى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ماسلىشىشنى ساقلاپ، ماكرولۇق پىشاڭ نىسبىتىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشنى ساقلاپ، ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش، كۆپ يول ئارقىلىق بانكا كاپىتالىنى تولۇقلاپ، زايوم بازىرى قانۇن - تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، كىچىك، ئوتتۇرا كارخانىلار، يېشىل تەرەققىياتنى پۇل مۇئامىلە بىلەن قوللاشنى زورايتىش، ئۆسۈم نىسبىتى، پېرېۋوت نىسبىتىنى بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق پۇلى پېرېۋوت نىسبىتىنىڭ مۇۋاپىق تەڭپۇڭ سەۋىيەدە ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشنى ساقلاش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا كېلەر يىلى تۆنجى قەدەمنى ياخشى ئېلىپ، يېڭى كەيپىيات ھاسىل قىلىش كېرەك. دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېز بەرپا قىلىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ تۇتۇپ، ئېھتىياج تەرەپلىك باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، توسۇق نۇقتىلارنى راۋانلاشتۇرۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىملەش، ئوبوروت، ئىستېمالدىن ئىبارەت ھەرقايسى ھالقىلارنى تۇتاشتۇرۇپ، ئېھتىياج تەمىناتنى يېتەكلەيدىغان، تەمىنات ئېھتىياجنى يارىتىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ھەرىكەتچان تەڭپۇڭلۇقنى شەكىللەندۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكى سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەرەققىيات ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۈچەيتىشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، بەزى ئاچقۇچلۇق نۇقتىلاردا كۆچەپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، بىرنى تۇتۇش ئارقىلىق ھەممىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۈنۈم يارىتىش كېرەك.

يىغىندا كېلەر يىلى تۆۋەندىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ياخشى تۇتۇش بېكىتىلدى.

بىرىنچى، دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پەن - تېخنىكا كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىكى تەشكىللىگۈچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئېھتىياج يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ يۆنىلىشى ۋە مۇھىم نۇقتىسىنى بېكىتىپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەۋپسىزلىكىنى چەكلەپ تۇرىۋاتقان ئېغىر، زور قىيىن مەسىلىلەرنى كۆچەپ ھەل قىلىش كېرەك. يېڭىچە پۈتۈن دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇھىم تەتقىقات يۈرتى - ئورنى، ئالىي مەكتەپ دۆلەت كوماندىلىرىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پەن تەتقىقات كۈچىنى ئەلالاشتۇرۇپ تەقسىملەش ۋە بايلىق مەنبەلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىشكە تۆرتكە بولۇش كېرەك. ئاساسىي تەتقىقاتنىڭ ئون يىللىق ھەرىكەت لايىھەسىنى تۈزۈش، يولغا قويۇشنى چىڭ تۇتۇپ، بىر تۈركۈم ئاساسىي پەنلەر تەتقىقات مەركىزىنى نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، شارائىتى بار جايلارنىڭ خەلقئارا ۋە رايون پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مەركىزى قۇرۇشنى قوللاش كېرەك. كارخانىلارنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىكى سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، باشلامچى كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش بىرلەشمە گەۋدىسى تەشكىللەپ قۇرۇشنى قوللاپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش پائالىيىتىگە تۆرتكە بولۇش كېرەك. خەلقئارا پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. دۆلەت ئىچىدىكى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشنى تېزلىتىپ، تېخىمۇ كۆپ ياش مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەك. رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى ۋە پەن - تېخنىكا باھالاش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى بويىچە «باشلامچى تاللاش» قاتارلىق مېخانىزملارنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. پەن - تېخنىكا ئېتىكىسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ياخشى ئۆگىنىش كەيپىياتى ۋە ئىستىلى تۇرغۇزۇپ، پەن تەتقىقات خادىملىرىنى پۈتۈن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈش، پۇختا ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەش كېرەك.

ئىككىنچى، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك. كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقى يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسى. كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش ۋە ئارتۇقچىلىقلارنى تاۋلاشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپتىكى ئاجىز ھالقىلارغا قارىتا، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇپ، بىر تۈركۈم «گالنى بوغىدىغان» مەسىلىلەرنى تېزدىن ھەل قىلىپ، كەسىپتىكى ئەۋزەل ساھەلەردە تۇجۇپەلەپ ئىشلەپ، تېخىمۇ كۆپ خاس ئالاھىدە ماھارەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. كەسىپ ئاساسىنى قايتا يارىتىش قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئاساسىي زاپچاس، ئاساسىي ھۈنەر - سەنئەت، ئاچقۇچلۇق ئاساسىي ماتېرىيال قاتارلىق ئاساسلارنى پۇختىلاش كېرەك. يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش، قوللىنىش يېتەكچىلىكى، پۈتۈن ماشىنا تۆرتكە بولۇشنى كۈچەيتىپ، ئورتاق قەلقەقا ئىگە تېخنىكا تەمىناتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر يولغا قويۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. كۈچلۈك ئىچكى بازار شەكىللەندۈرۈش يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم تىرىكى، جەزمەن ئىستېمال، پۇل ئامانىتى، مەبلەغ سېلىشقا مۇۋاپىق يېتەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈنۈملۈك تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى قىلىش كېرەك. ئىستېمالنى كېڭەيتىشتە ئەڭ نېگىزلىك بولغىنى ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي كاپالەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كىرىم تەقسىماتى قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئوتتۇراھال كىرىملىك كىشىلەر توپىنى كېڭەيتىش، ئورتاق بېيىشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش. ئىستېمالنى كېڭەيتىشنى خەلقنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئىستېمالنى، سېتىۋېلىشنى چەكلەيدىغان بەزى مەمۇرىي خاراكتېرلىك بەلگىلىمىلەرنى تەرتىپلىك ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ناھىيە، يېزىلارنىڭ ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قېزىش كېرەك. كەسپىي تېخنىكا مائارىپى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئاممىۋى ئىستېمالنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇپ، مائارىپ، داۋالىنىش، ياشانغانلارنى كۈتۈش، بالىلارنى بېقىش قاتارلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت چىقىمىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. سېلىنمىنى ئاشۇرۇش زاپاس كۈچنى ئاشۇرۇپ، ئاچقۇچلۇق رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مەركەز خامچوتى ئىچىدىكى سېلىنمىنىڭ تاشقى ئۈنۈم خاراكتېرى كۈچلۈك، جەمئىيەت ئۈنۈمى يۇقىرى ساھەلەردىكى يېتەكلەش ۋە قوزغىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مەبلەغ سېلىش ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش كېرەك. رەقەملىك ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭىچە ئۇل ئەسلىھە سېلىنما سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ياسىمچىلىق جابدۇقلىرىنى يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش سېلىنمىسىنى كېڭەيتىش كېرەك. شەھەرلەرنى يېڭىلاش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، شەھەر - بازارلاردىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىشنى ئالغا سىلجىتىش، زامانىۋى ئەشيا ئوبوروت سىستېمىسى قۇرۇش كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاش ۋە ماكرولۇق يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، كەسىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىرتۇتاش ياخشى پىلانلاپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ تەكرار قۇرۇلۇشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

تۆتىنچى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا، جەزمەن يۇقىرى سەۋىيەلىك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، ئىسلاھات بىلەن ئېچىۋېتىشنىڭ بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشىگە تۆرتكە بولۇش كېرەك. ماكرولۇق ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلقئارا ماكرولۇق سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، پۈقراۋى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، شىركەتنى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش كېرەك. بازار ئىجازىتىنى كەڭ قويۇۋېتىپ، ئادىل رىقابەتنى ئالغا سىلجىتىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداپ، بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازار قۇرۇپ، بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت - سودا مۇھىتى يارىتىش كېرەك. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى ئىدارە قىلىشنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كاپىتال بازىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پىيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك قەرز تۆلەشتىن قېچىش ۋە ئۆنى يوققا چىقىرىش قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىش كېرەك. 3 - تۈۋرۈك ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئومۇميۈزلۈك ۋە ئىلغار بولغان تىنچ ئوكيان ھالقىغان ھەمراھلىق مۇناسىۋەتتى كېلىشىمگە قاتنىشىشنى پائال ئويلىشىش كېرەك. دۆلەت ئىچى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلقئارادا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان قائىدىلەردىن پايدىلىنىپ دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

بەشىنچى، ئۇرۇقلۇق ۋە تېرىلغۇ يەر مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. ئاشلىق بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يەرگە باغلاش، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تېخنىكىغا باغلاش ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە. ئۇرۇقلۇق پىلازمىسى بايلىقىنى قوغداش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى كۈچەيتىش، ئۇرۇقلۇق ئامبىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىپ، قاتتىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇپ، جانلىقلار نەسلىنى يېتىشتۈرۈشنى كەسپلەشتۈرۈپ قوللىنىشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئۇرۇقلۇق مەنبەسىدىكى «گالنى بوغىدىغان» تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، بىر مەيدان ئۇرۇقچىلىقتا قەد كۆتۈرۈش جېڭى قىلىشقا ئىرادە باغلاش كېرەك. 1 مىليارد 800 مىليون مو تېرىلغۇ يەر قىزىل سىزىقنى چىڭ ساقلاپ، تېرىلغۇ يەرنى «يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىش»نى قەتئىي توسۇپ، «ئاشلىقتىن باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىش»نىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلەش بىلەن تولۇقلاشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. دۆلەت ئاشلىق بىخەتەرلىكى كەسىپ بەلبېغى قۇرۇپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ قارا تۇپراقنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش كېرەك. ئاشلىق ۋە مۇھىم يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنىڭ دائىرىلىك، مەنبەلىك بۇلغىنىشىنى تۈزەشنى كۈچەيتىش كېرەك.

ئالتىنچى، مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇشنى ۋە كاپىتالنىڭ تەرتىپسىز كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇش، ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۆرتكە بولۇشنىڭ ئىچكى تەلىپى. دۆلەت سۈپا كارخانىلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشىنى، خەلقئارا رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشنى قوللايدۇ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى بىلەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنى قوللايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەرەققىياتنى قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇپ، رەقەملىك قائىدىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. سۈپا كارخانىلىرىنىڭ مونوپوللۇقنى بېكىتىش، سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاش، ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قانۇن - قائىدىلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. قائىدە - تۈزۈمنى كۈچەيتىپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، مونوپوللۇق ۋە ناتوغرا رىقابەت قىلمىشلىرىغا قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. پۇل مۇئامىلىدە يېڭىلىق يارىتىش جەزمەن ئېھتىياتچانلىق بىلەن نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

يەتتىنچى، چوڭ شەھەرلەرنىڭ تۇرالغۇ جەھەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلىرىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. تۇرالغۇ مەسىلىسى خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك. ئۆينى پۇل تېپىش ۋاستىسى قىلىۋالماي، تۇرالغۇ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، ئۆي - زېمىن بازىرىنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كاپالەتلىك ئىجارە ئۆي قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇزاق مۇددەت ئىجارە ئېلىش سىياسىتىنى تېز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجارە ئۆي بىلەن سېتىۋالغان ئۆينى ئاممىۋى مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولۇش جەھەتتە تەدرىجىي ئوخشاش ھوقۇق - مەنپەئەتكە ئىگە قىلىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجارە ئۆي بازىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. يەر بىلەن تەمىنلەشتە ئىجارە ئۆي قۇرۇلۇشىغا مايىللىشىپ، ئىجارە ئۆيگە يەر ئىشلىتىش پىلانىنى ئايرىم تۈزۈپ، كوللېكتىپ قۇرۇلۇش يېرى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئۆزىدىكى بىكار يەرلەردىن پايدىلىنىپ ئىجارە ئۆي سېلىشى ئۈستىدە ئىزدىنىش، دۆلەت كارخانىلىرى ۋە پۇقراۋى كارخانىلارمۇ فۇنكسىيەلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ئىجارە ئۆينىڭ باج يۈكىنى تۆۋەنلىتىپ، ئىجارە بازىرىنىڭ تەرتىپىنى رەتكە سېلىپ، بازار ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىجارە ھەققى سەۋىيەسىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، تىزگىنلەش كېرەك.

سەككىزىنچى، كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈش، كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. دۆلىتىمىز كاربون(Ⅳ) ئوكسىدى قويۇپ بېرىشنى تىرىشىپ 2030 - يىلدىن ئىلگىرى چوققا قىممەتكە يەتكۈزىدۇ، تىرىشىپ 2060 - يىلدىن ئىلگىرى كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. 2030 - يىلدىن ئىلگىرى كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈش ھەرىكەت لايىھەسىنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ، شارائىتى بار جايلارنىڭ باشلامچىلىق بىلەن چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈشىنى قوللاش كېرەك. كەسىپ قۇرۇلمىسى، ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئەلالاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، كۆمۈر ئىستېمالىنى بالدۇرراق چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈشكە تۆرتكە بولۇپ، يېڭى ئېنېرگىيەنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېنېرگىيە ئىشلىتىش ھوقۇقى، كاربون قويۇپ بېرىش ھوقۇقى سودا بازىرى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، ئېنېرگىيە ئىستېمالىنى قوش كونترول قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى داۋاملىق ياخشى قىلىپ، بۇلغىمىنى ئازايتىش، كاربوننى تۆۋەنلىتىشنىڭ ماسلىشىش ئېففېكتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. دۆلەت زېمىنىنى كەڭ كۆلەمدە كۆكەرتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ كاربون يىغىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: نەچچە ئەۋلاد كىشىنىڭ ئىزچىل ئەمەل قىلىشى، داۋاملاشتۇرۇپ كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق، دۆلىتىمىز پات ئارىدا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ يېڭى تۇرمۇش، يېڭى كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ، داۋاملىق جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، كۆلەملىك قايتا نامراتلىشىپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بېرىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك. يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ياردەم بېرىش - يۆلەش سىياسىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىملىقىنى ساقلاپ، تۈرگە ئايرىپ تەڭشەپ ئەلالاشتۇرۇپ، سىياسەتنىڭ ئۆتكۈنچى مەزگىلىنى يېتەرلىك قالدۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق ئارىلىقتا ئايلىنىشىنى ساقلاشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشنىڭ رىتىمى ۋە سالمىقىنى مۇۋاپىق ئىگىلەپ، ماكرولۇق سىياسەتلەرنى دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك يولغا قويۇش كېرەك. بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى سىجىل قوزغىتىپ، باجنى كېمەيتىش،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)